# كىم غازات قىلماي ۋە غازاتنى كۆڭلىگە كەلتۈرمەي ئۆلسە مۇناپىقلىقدىن بىر سۈپەتتە ئۆلىدۇ

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىم غازات قىلماي ۋە غازاتنى كۆڭلىگە كەلتۈرمەي ئۆلسە مۇناپىقلىقدىن بىر سۈپەتتە ئۆلىدۇ»
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

غازات قىلالايدىغان تۇرۇپ، ھاياتى ئاخىرلاشقىچە غازات قىلمىغان ۋە غازات قىلىشنى كۆڭلىگە كەلتۈرمىگەن، يەنى: جىھاد قىلىش ئىرادىسىگە كەلمىگەن كىشىدە مۇناپىقلىق ئالامىتى بولىدۇ. جىھادنىڭ سىرىتقى ئالامەتلىرىدىن بىرى غازات قوراللىنى تەييارلاش بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دىگەن: «ئەگەر ئۇلارنىڭ جىھادقا چىقىش نىيتى بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلاتتى» [سۈرە تەۋبە: 46-ئايەت]. «مۇناپىقلىقدىن بىر سۈپەتتە ئۆلىدۇ» يەنى: مۇناپىقلىق تۈرلىرىنىڭ بىرىدە ئۆلىدۇ، بۇ ھالەتتە ئۆلگەن كىشى جىھادتىن قالىدىغانلارغا ۋە مۇناپىقلارغا ئوخشايدۇ، كىم بىر قەۋمگە ئوخشىۋالسا، ئۇ شۇلارنىڭ قاتارىدىن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق مۆمىننىڭ جىھاد قىلىشنى نىيەت قىلىشى زۆرۈر. جىھاد قىلىشنىڭ شەرتلىرى تولۇق بولسا جىھاد قىلىدۇ، تولۇق بولمىسا تولۇقلانغىچە جىھاد نىيتى بىلەن تەييار تۇرىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/6404

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee